# قەشقەر شەھىرىنىڭ تۇغۇتقا چەك قويۇش

# توختامنامىسى

199 - يىلى

پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش — دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىتى. ئۇنى ئومۇميۈزلۈك ئىز-چىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش — شەھىرىمىزنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ماسلاشتۇرۇپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە تۇر-مۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىش ئۈچۈندۇر. پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنى ئاڭلىق يولغا قويۇش ھەر - بىر پۇخرانىڭ تېگىشلىك بۇرچى. ھامىل-دارلىقتىن ساقلىنىش - تۇغۇتقا چەك قويۇش تەدبىرلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇشبۇ تۇغۇتقا چەك قويۇش توختامنامە ئىمزالاندى:

## 1- ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى

«ئا» تەرەپ:

ھەر بىر پۇخراغا تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ ئۇلارنىڭ پىلان-لىق پەرزەنت كۆرۈش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش سىياسىتىنى ئاممىغا قەلبىگە سىڭدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ھەممە ئائىلىلەرنى خەۋەردار قىلىدۇ. پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنى ئاڭلىق يولغا قويغان ھەمدە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان شەخسلەرنى زوركۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى شەخسلەرنىڭ قولىغا تەككۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئاممىغا دورا - سايمان ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ. تۇي قىل-غان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارغا غەمخورلۇق قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئاسرايدۇ. ئۇلارنىڭ ئە-مەلىي مەسىلىلىرىنى ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ بېرىدۇ.

ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرى قوللانماي پىلاندىن سىرت ھامىلدار بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئەھۋالى كۆرۈلسە «ئا» تەرەپ ئۆز ۋاقتىدا ئەھۋال ئىگەللەپ بىر ھەپتە ئىچىدە «ب» تەرەپكە ئېنىق جاۋاب بېرىشى ۋە دەرھال تولۇقلاش تەدبىرى قوللى-نىشنى تەلەپ قىلىشى لازىم. ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ (92) 28 - نومۇرلۇق «پىلانلىق تۇغۇت چارىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى لازىم.

«ب» تەرەپ: (تۇي قىلغان تۇغۇت يېشىدىكى ئايال ئىسمى)

«ئا» تەرەپنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش - تۇغۇتقا چەك قويۇش توغرىسىدىكى يېتەكچىلىكى، نازارىتى ۋە تەكشۈرۈشنى ھەمدە مۇكاپات - جازاسىنى قوبۇل قىلىدۇ. پى-لانلىق پەرزەنت كۆرۈش بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ. ھامىلدارلىقتىن ساقلى-نىش - تۇغۇتقا چەك قويۇش تەدبىرلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا سايمانلىرىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئىگەللەيدۇ. ھامىلدار بولۇشتىن ئىل-

ىنى «كۆرسەتكۈچ» ئېلىشنى ئورۇنلايدۇ. پىلاندىن سىرت ھامىلدار بولۇپ قالسا ۋاختىدا ئىنكاس قىلىدۇ ۋە تولۇقلاش تەدبىرى قوللىنىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن كېيىنكى ئاقىۋەتكە ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ.

ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش - تۇغۇتقا چەك قويۇش تەدبىرلىرىنى ھەر بىر ئادەمگە ئەمەلىلەشتۈرۈشنى ھەقىقى ئورۇنلاش، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا ئوڭايلىق بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش - تۇغۇتقا چەك قويۇش تەدبىرىنىڭ بىر تاللىشىلىك:

(1) بوغدۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇش

(2) ئۆزۈك سالدۇرۇش

(3) ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسى ئىچىش. (قايسى خىلىنى ئىچىش؟)

(4) سىرتتىن ئىشلىتىدىغان دورا.

(5) ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئوكۇلى ئۇردۇرۇش.

(6) گاندون (ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش قاپچۇقى) ئىشلىتىش.

## 2 - مۇكاپات ۋە جازا

تۇغۇتقا چەك قويۇش توختامىنامىسىغا قاتتىق ئەمەل قىلغان توي قىلغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار، تۇغۇتقا چەك قويۇش مەزگىلىدە پىلاندىن سىرت ھامىلدار بولمىسا، پىلاندىن ئارتۇق تۇغمىسا يىل ئاخىرىدا تەقدىرلىنىدۇ ۋە مۇكاپاتلىنىدۇ. ئۇدا ئۈچ يىل پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرمىگەن ئائىلىلەر «پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشتە شەرەپلىك ئائىلە» بولۇپ باھالىنالايدۇ.

(1) تۇغۇتقا چەك قويۇش تەدبىرى قوللىنىپ پەلاندىن سىرت ھامىلدار بولۇپ قالغان تەربىيە بېرىلسىمۇ ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىشكە ئۇنىمىغان ئەر - خوتۇنلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن تاكى ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتكەنگە قەدەر ھەر ئايدا 50 يۈەندىن جەرىمانە ئېلىنىدۇ. ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن جەرىمانە ئېلىنغان پۇل قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

(2) ھېچقانداق تەدبىر قوللانماي پىلاندىن سىرت ھامىلدار بولۇشنى پەيدا قىلىپ، تەربىيە بېرىلسىمۇ ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىشكە ئۇنىمىغان ئەر - خوتۇنلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن تاكى ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتكە قەدەر ھەر ئايدا 50 يۈەندىن جەرىمانە ئېلىنىدۇ. ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن جەرىمانە پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولىدۇ. لېكىن ئوپېراتسىيە خىراجىتىنى ئۆزى تۆلەيدۇ.

(3) پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈشنى كەلتۈرۈپچىقارغان ئەر - خوتۇنلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن ھەر ئايدا 50 يۈەندىن جەرىمانە ئېلىنغاندىن سىرت تۇغۇت خىراجىتىنى ئۆزى تۆلىگەندىن باشقا خىزمەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ماددىسىغا ئاساسەن قاتتىق جازالىنىدۇ.

«ئا» تەرەپ ئىمزاسى      «ب» تەرەپ ئىمزا

199 5 -يىل 3 -ئاي 10 -كۈن      199 -يىل 1 -ئاي 1 -كۈن